"ئەتىكى قۇياش" ـ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى مەجمۇئەسى

لى لىڭشيۇ   شېن شۇرېن

# يىقىلماس توغراق



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

لى لىڭشيۇ شېن شۇرېن

# يىقىلماس توغراق

(ئەدەبىي ئاخبارات)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: سېيىت تىلىۋالدى
ئەخمەتجان ھوشۇر

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

责任编辑：阿合买提江
责任校对：赛比耶•艾合太木

图书在版编目(CIP)数据

不朽的胡杨/李玲修，沈树人著；色依提，阿合买提江译.—北京：民族出版社，2006.10
（托起明天的太阳—民文青少年读物丛书）
ISBN 7-105-07990-8

Ⅰ.不… Ⅱ.①李… ②沈…③色…④阿…Ⅲ.报告文学—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.125

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 117701 号

出版发行：民族出版社　http://www.e56.com.cn
社　址：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
电　话：010-64290862（维文室）
印　刷：北京迪鑫印刷厂
版　次：2006 年 10 月第 1 版　2006 年 10 月北京第 1 次印刷
开　本：850 毫米×1168 毫米
印　张：11.8125
印　数：0001-2000 册
定　价：20.00 元

本书根据海天出版社 2005 年 7 月第 1 版深圳第 2 次印刷版本翻译出版。
بۇ كىتاب خەيتيەن نەشرىياتى 2005 ـ يىل 7 ـ ئايدا نەشر قىلغان 1 ـ نەشرى شېنجېن 2 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر : ئەخمەتجان ھوشۇر
مەسئۇل كوررېكتور : سەبىيەم ئەختەم

# يىقىلماس توغراق

## (ئەدەبىي ئاخبارات)

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: سېيىت تىلىۋالدى، ئەخمەتجان ھوشۇر**

---

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2006 ـ يىل 10 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 11.8125
سانى : 0001 ـ 2000
باھاسى : 20.00 يۈەن

---



شېن شۇرېن، بۇجى مەھەللە ئىش باشقارمىسى پارتكومى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شېنجېن شەھەرلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئەدەبىي ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى. «تۆھپىكارلار كۈيى»، «سېرىق تۇپراق رىشتى» قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «بۇجى ۋادىسىدىن ئۆرلىگەن چولپانلار»، «نەنلىگلىقلار»، «تامدا ئۈنگەن قىزىل ئۆرۈك»، «نەنلىك نەزمىلىرى» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخبارات، شېئىرلار توپلىمى ۋە تېلېۋىزىيە سېنارىيىلىرىنى نەشر قىلدۇرغان.

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com



لى لىڭشيۇ شەندۇڭ يەنتەيلىك. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى كىنو-تېلېۋىزىيە ئىجادىيەت ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو تەنتەربىيە تېمىسىدىكى ئەدەبىي ئاخبارات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپلىك يازغۇچىسى، «نۇر گېزىتى»نىڭ تەكلىپلىك مۇخبىرى، جۇڭگو ئەدەبىي ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تەكلىپلىك ئىجادىيەتچىسى، جۇڭخۇا يەندى-خۇاڭدى مەدەنىيەت تەتقىقاتى جەمئىيىتىنىڭ كېڭەش ئەزاسى، خېبېي پەن-تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مېھمان پروفېسسورى، جۇڭگو كىنو ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي كېڭەش ئەزاسى، جۇڭگو تېلېۋىزىيە تىياتىرچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو كىنوچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

مۇكاپاتقا نائىل ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «پۇتبول مەشىقاۋۇلىنىڭ تويى»، «ئۇچقاندەك كەلگەن ''ئاۋدى''» جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن: «جىنخۇالىقلار»، «دۆلەت گېمنى مېلودىيىسىگە ئەگىشىپ» قاتارلىقلار «خەلق گېزىتى» تەرىپىدىن بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئاخىرقى ماھىر» «بۇگۈنكى دەۋر» ژۇرنىلى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن: «گۈلباغ رەستىسىدىكى بەشىنچى نومۇرلۇق قورۇ» ناملىق سېنارىيىسى چاڭچۈن كىنو ستودىيىسى تەرىپىدىن ئېلىنىپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ھېكايە فىلىم مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن: «مەشىقاۋۇلىنىڭ قىزى»، «تۈگمەس مەنزىل» قاتارلىق سېنارىيىلىرى مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تەرىپىدىن ئېلىنىپ «پەرۋاز» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن: «تەنھەرىكەت ئەزىمەتلىرىنىڭ شەرىپى»، «ئارغۇن»، «بۈگۈن بازىرىدىكى داڭدارلار» قاتارلىق ئەدەبىي ئاخباراتلىرى، «غەيرەت قىل، قىزچاق!» ناملىق رومانى، «ئەتە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە» ناملىق پوۋېستى، «ئېھ، دوستلۇق» ناملىق نەسرى بار.

بۇ كىتابنى قەھرىمان ئابدۇسەمەتكە ۋە مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىۋاتقان خەلق ساقچىلىرىغا بېغىشلايمەن.

# بېغىشلىما

## ئالاھىدە رايون ساقچىلىرىنىڭ پەخرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىسى

**تۆمۈر داۋامەت**
(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى)

ئابدۇسەمەت خوتەن ناھىيىسىدىكى بىر جاپاكەش دېھقاننىڭ بالىسى بولۇپ، ئانىسى بۇرۇنلا تۇگەپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيدىكى يەتتە ـ سەككىز ئانىسىز يېتىم قاتارىدا باللىق چاغلىرىنى ئىنتايىن ئېغىر مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. تىرىشچان ئابدۇسەمەت ”دېھقاننىڭ بالىسى دېھقان بولىدۇ، مېنىڭ ئوقۇغىنىم بىلەن بىكار“ دەيدىغان ئەنئەنىۋى قاراشلارغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. شۇڭا ئۇ تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپنىڭ تەييارلىق سىنىپىنى چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. ئابدۇسەمەتنىڭ ئىنستىتۇتقا كىرەلىشى ، ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى تۇنجى ھالقىش بولدى.

ئابدۇسەمەت ئىنستىتۇتتا ئوقۇغان تۆت يىل جەريانىدا نامراتلىق ۋە ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئاساسى ئاجىز بولۇشتەك توسالغۇلارنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قەيسەرانە ئىرادە، يۈكسەك غايە ۋە دەۋر ئالدىدىكى بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن يېڭىپ، ئىدىيە، مەدەنىيەت، كەسىپ، تىل ۋە جىسمانىي جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلدى.

دۇرۇس، ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئىككىلەنگەن ، ئازابلانغان، ساۋاقداشلىرى ئۇرۇپ قويۇپ مەكتەپ ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان، ماشىنا ۋەقەسىدە قازا قىلغان ئىنىسىنىڭ ھىجران ئازابىنى يەتكۈچە تارتقانىدى. لېكىن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ غەمخورلۇقى، ساۋاقداشلىرىنىڭ قېرىنداشلارچە ياردىمى بىلەن

ھەممىنى يېڭىپ، ئاخىرى ئىنستىتۇتنى ئەلا پۈتتۈرۈپ، قانۇنشۇناسلىق بويىچە باكالاۋرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى؛ ئىختىساسلىقلار رىقابىتى ناھايىتى كەسكىن بولىدىغان شېنجېن شەھرىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ھالقىش ئىدى.

ئابدۇسەمەت شېنجېندا توققۇز ئاي خىزمەت قىلىپلا شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى، ئۇ ئەمدىلا 26 ياشقا قەدەم قويغان ياش يىگىت ئىدى. دۇرۇس، كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتى ياشنىڭ چوڭ- كىچىكلىكى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. بۇ توققۇز ئاي جەريانىدا ئابدۇسەمەت ئۆز خىزمىتىنى قالتىس ياخشى ئورۇندايلا قالماي، 1500 نەچچە سائەت نورمىدىن ئارتۇق ئىشلىدى. بۇ نەق 188 كۈن ئارتۇق ئىشلىگەنگە باراۋەر. ئۇ يەنە گۇاڭجۇ ، دوڭگۇەن ، خۇيجو قاتارلىق جايلاردىكى ساقچى ئورۇنلىرىنىڭ بالىلارنى ئالداپ ئەكىلىپ يانچۇقچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىققا سالىدىغان جىنايەتچىلەرنى سوراق قىلىشىغا ھەمكارلىشىپ، يۈكسەك سىياسىي ئېڭىنى نامايان قىلدى. ئابدۇسەمەت بۇ جەرياندا رەزىل كۈچلەرنىڭ ئازدۇرۇشلىرىغا ئالدىنىپ قالمىدى؛ تەھدىتلىرىدىن قورقۇپ قالمىدى. سەرسان بالىلارغا مېھرىبانلىق قىلىپ ئۆز پۇلىغا ئاش- تاماق، كىيىم- كېچەك ئېلىپ بەردى؛ ئۇلارنى ئايروپىلان بىلەن ئاتا- ئانىسىنىڭ يېنىغا يولغا سالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزەرىدە ئاشۇ سەرگەردان بالىلارمۇ مىللەتنىڭ ئۈمىدى، ۋەتەننىڭ كېلەچىكى ئىدى؛ ناۋادا ئۇلار ئاتا- ئانىسىنىڭ قېشىدا ئوبدان ئوقۇسا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم ۋەتەنگە يارامLiق ئىختىساس ئىگىلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىقالايتتى. ئابدۇسەمەت شۇڭا خەۋپ- خەتەرگە پىسەنت قىلماي، رەزىللەرنىڭ ئۇۋىسىغا يالغۇز بۆسۈپ كىرىپ، ئۇلار بىلەن مەرتلەرچە ئېلىشىپ، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى ھەققانىيەت ئۈچۈن تەقدىم قىلدى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئۈچىنچى قېتىملىق ھالقىش بولدى. بۇ ھالقىش ئۇنى ئاداققى ھۆرمەت ۋە شەرەپكە نائىل قىلدى.

ج ك پ شېنجېن شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش لى فېڭ ئابدۇسەمەتنى ”پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ۋاپادار ئوغلى، ئالاھىدە رايون ساقچىلىرىنىڭ پەخرى“ دەپ تەرىپلىدى. ج ك پ گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى ئابدۇسەمەتنىڭ قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى يازغان

ئىلتىماسىغا ئاساسەن ئۇنى ”جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى“ دەپ ئەنگە ئالدى. جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ئۇنىڭغا ”مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمان نەمۇنىچى“ دەپ نام بەردى. يېقىندا يەنە گوۋۇيۈەن ئابدۇسەمەتكە ”مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگىلىك شەخس“ دېگەن شەرەپنى بەردى. دېمەك، ئۇ ئانا يۇرتىغا ۋە شىنجاڭ خەلقىگە شان-شەرەپ كەلتۈردى.

ئابدۇسەمەت مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى. لېكىن خەلق ئۇنى ئەبەدىي ئۇنتۇمايدۇ. مەن بۇ يەردە قەھرىمان هايات ۋاقتىدا خىزمەت قىلغان رايوندىكى هۆكۈمەتكە ۋە بۇ كىتابنىڭ ئاپتورلىرىغا تەشەككۈر ئېيتىمەن.

قەھرىماننىڭ كۈچى چەكسىز بولىدۇ. ئابدۇسەمەتنىڭ ئىش- ئىزلىرى ئۇنىڭ يۇرتىدا تىللاردا داستان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يۇرتىدىكى ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپتۇ. شۇڭا، «يېقىلماس توغراق» ناملىق بۇ ئەسەر نەشردىن چىققاندىن كېيىن، قەھرىمان ئوبرازىنىڭ ياش ئۆسمۈرلەر قەلبىدە ئۆچمەس ئابىدە بولۇپ تىكلىنىدىغانلىقىغا، قەھرىمان روھىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى شۇنداقلا ئېلىمىزدە مەدەنىي، ساغلام ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

باش شۇجى خۇ جىنتاۋ يېقىندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”ھەر مىللەت خەلقىنى ئورتاق تاپقۇزۇش — ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم بىر نىشانى. شۇڭا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتا ئالاقىدار تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇ رايونلارنىڭ قىياپىتىنى تېزدىن ئۆزگەرتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ مېۋىلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن قىلىشىمىز لازىم.“

دېمەك، ھەر مىللەت خەلقى تەشنا بولغان سەلتەنەتلىك كۈنلەر ئالدىمىزدا. شۇڭا، قەھرىمانلاردىن ئۈلگە ئېلىپ، ئابدۇسەمەتكە ئوخشاش ئاشۇ ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشىمىز لازىم!

# جانلىق تەسۋىر، ئۆچمەس روھ

## — «يىقىلماس توغراق» ھەققىدە

### جېك بەينوڭ

ئۇيغۇر ساقچى ئابدۇسەمەتنىڭ قەھرىمانلىق ئىش- ئىزلىرى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن زور ھەجىملىك ئەدەبىي ئاخبارات «يىقىلماس توغراق»(لى لىڭشيۇ، شىن شۇبىنلارنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ)ئادەتتىكى ئەسەرلەردىن ئەمەس. ۋەزىنلىك بۇ ئەسەرنى ئوقۇۋېتىپ، قەلبىمنى كۈچلۈك ھاياجان قاپلىدى، كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش كەلدى. بۇ — يېقىندىن بۇيانقى ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن خۇشاللىنارلىق نەتىجە.

قەھرىمان- نەمۇنىچى شەخسلەر ئوبيېكت قىلىنغان ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىدە، شەخسلەرنىڭ ئىش- ئىزلىرىنى يېزىش ئانچە قىيىن ئەمەس. قىيىنى شۇ ئىش- ئىزلارنى زادى قانداق روھنىڭ روياپقا چىقارغانلىقىنى يېزىپ چىقىشتا. بولۇپمۇ مەرتلەرچە پىداكارلىق كۆرسىتىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چاقناپ تۇرىدىغان يارقىنلىق كۆپ ھاللاردا ھەش- پەش دېگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ھالبۇكى، ھالقىلىق پەيتتە كۆز چاقناتقان بۇ خىل يارقىنلىق ئۇزاق مۇددەتلىك ئىدىيىۋى تەييارلىقنىڭ مەھسۇلىدۇر. مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك قىسقا ۋاقىت بىلەن بىر ئۆمۈرلۈك ۋاقىتنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى، قەھرىمانلىقنى ۋۇجۇدقا چىقارغان روھىي فونتان ۋە قەھرىماننىڭ يارقىن ئوبرازى قاتارلىقلارنى ھەم ئەتراپلىق، ھەم چوڭقۇر تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئاجايىپ ”ئەخمەق“لەرچە ئۇسۇلنى قوللانغان. 40 نەچچە يىللىق ئىجادىيەت ”ئۇستاز“ىغا ئىگە پېشقەدەم يازغۇچى لى لىڭشيۇ خانىم ئەدەبىي



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ئاخباراتنىڭ ئاساسى ــــ زىيارەت ئىكەنلىكىنى، بۇ ساھەدە نەتىجە قازىنىش ئۈچۈن زىيارەت قىلىپ ماتېرىيال توپلاش جەھەتتە جاپالىق كۈچ سەرىپ قىلىش، كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈش لازىملىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ھەمكارى شېن شۇرېن نۇرغۇن ماتېرىيال توپلىغانىدى. ئەگەر ئاپتور ئىشنىڭ ئاسىنىنى كۆزلىگەن بولسا، تەييار ماتېرىياللار ئاساسىدا ئاز- تولا تولۇقلىما زىيارەت قىلىپلا قەلەم تەۋرەتسە بولىۋېرەتتى. بىراق، لى لىڭشيۇ بۇنىڭ ئەكسىچە زىيارەت سەپىرىنى تېخىمۇ ئۇزاقلارغا سوزدى. ئاۋۋال شېنجېن، گۇاڭجۇلاردا ئابدۇسەمەتنىڭ 10 نەچچە سەپدىشى، دوستى شۇنىڭدەك دېلوغا ئالاقىدار كىشىلەرنى زىيارەت قىلدى؛ ئاندىن ئابدۇسەمەت ئوقۇغان شېنياڭ جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى ئىنستىتۇتىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، ساۋاقداشلىرىنى زىيارەت قىلدى؛ ئاخىرىدا شىنجاڭغا بېرىپ ئابدۇسەمەتنىڭ ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنى، دوست- بۇرادەرلىرى، خولۇم- قوشنىلىرىنى زىيارەت قىلدى... تەكلىماكان توغراقلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئانا دەرياسى ــــ تارىم دەرياسىنىڭ ئۆزگىچە مەنزىرىسىدىن بەھرە ئېلىش ئۈچۈن، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بۇ پېشقەدەم يازغۇچى ماشىنىدا 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ پايانسىز قۇملۇقلارنى بېسىپ، ئادەمزات ئاياغ باسمىغان جايلارغىچە ئېچكىرىلەپ كىردى. ئاپتور ئىنچىكە زىيارەت قىلىپ نۇرغۇنلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللارنى ئىگىلەش ئاساسىدا دېتاللارنى كۆڭۈل قويۇپ رەتلەپ، پىششىقلاپ ئىشلەپ، ئاخىرى ئوبرازلار يارقىن، ھېسسىياتى قويۇق لېرىكىلىق سەھىپىلەرنى ياراتتى.

"يېزىقچىلىقتا مەندە بىر خىل روھ بار، ئۇ بولسىمۇ قەھرىمانلارغا بولغان ئۇتتەك ئىشتىياقتۇر... چۈنكى، مېنىڭچە ئەدەبىيات روھ قاتلىمىغا تەۋە نەرسىلەرنى يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك. چىنلىق، گۈزەللىك ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن ئەدەبىيات مېنىڭ قەلبىمدىكى ئەدەبىيات ئەمەس!" بۇ سۆزلەر يالغۇز لى لىڭشيۇنىڭلا يۈرەك ساداسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ھامكارى شېن شۇرېنىڭمۇ ئەدەبىياتتىكى ئىنتىلىش نىشانىدۇر. چۈنكى ئۇلار قەھرىمانغا ئىشتىياق باغلاپ، قەھرىماننى ئۆزلىرىنىڭ قەلب تۆرىگە باشلىيالىغانلىقى ئۈچۈنلا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن قەھرىماننى چوڭقۇر چۈشىنىشكە ۋە مەدھىيىلەشكە قادىر بولالىدى. ئەمما ئۇلار رېئالىزملىق ئىجادىيەت پرىنسىپى ۋە ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقىغا

قويۇلىدىغان ئۆزگىچە مىزانغا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، پېرسوناژ ۋە ۋەقەلىكلەرنى هايات چىنلىقى بىلەن زەررىچە توقۇلمىدىنمۇ خالىي ئەينەن تەسۋىرلىدى؛ نەتىجىدە ئابدۇسەمەت ئۇلارنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئىنتايىن يارقىن ئوبرازغا ئايلاندى. دۇرۇس، ئابدۇسەمەت قانداقتۇر تۇغما قەھرىمانلاردىن ئەمەس، بەلكى تەدرىجىي ئۆسۈپ يېتىلگەن رېئال قەھرىمان؛ ئۇنىڭ قەلبى قانداقتۇر ئالىيجانابلىق بىلەن رەزىللىك ئىرماش- چىرماش بولۇپ كەتكەن ئېلىشمان دۇنيا ئەمەس، بەلكى يېتەرسىزلىكلىرى ئىلغار شەخسلەرنىڭكى بىلەن تومۇرداش بولغان پېپپېكى دۇنيا. شۇنداق، ئابدۇسەمەت ”مەن دېگەن جىنايەتچىلەر شايكىسىدىكىلەر بىلەن بىر مىللەتتىن، شۇڭا ئۇلار ماڭا ئالدىراپ قول سالالمايدۇ“ دەپ قاراپ، جىنايەتچىلەرنىڭ ئۇۋۇسىغا هېچقانداق قوغدىنىش تەبىرلىرىنى قوللانماستىن ئىچكىرىلەپ كىرىشتەك ياش ساقچىلاردا بولىدىغان پىشمىغان خاراكتېر ۋەجىدىن قۇربان بولدى؛ يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا ئابدۇسەمەتنىڭ جەسۇر ۋە كەسكىنلىكى ئۇنىڭ نەقەدەر ئاق كۆڭۈل ئىكەنلىكىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئاپتورنىڭ ئابدۇسەمەتنىڭ شېنجېندىكى بىر تۈركۈم شىنجاڭلىق سەرگەردان باللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى ئىنچىكە تەسۋىرلىرى ناھايىتى تەسىرلىك چىققان. كىتابتا تەسۋىرلىنىشىچە، جىنايەتچىلەر شايكىسى شىنجاڭدىكى بىر تۈركۈم باللارنى گۇاڭدۇڭغا ئالداپ ئەكىلىپ يانچۇقچىلىققا سالىدۇ. شېنجېندىكى ئۇيغۇر ساقچىلارنىڭ بىرى بولغان ئابدۇسەمەت ھەم بۇ باللارنى قۇتقۇزۇۋېلىش، ھەم ئىز قوغلاپ جىنايەتچىلەر شايكىسىنىڭ ئۇۋۇسىنى چۇۋۇپ تاشلاش ئۈچۈن ھېچ ئىككىلەنمەي بۇ سەرگەردان باللار بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ. بەزىلىرىنى ھەتتا يېنىغا ئەكىلىۋېلىپ باقىدۇ. ئۇ ”ئىنىم“ دەپ بېقىۋالغان پەرھات ئىسىملىك سەرگەردان بالا يامان خۇيىنى تاشلىماي ئابدۇسەمەتنىڭ ھەمىيېنىدىن 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كېتىدۇ. ئادەتتە بىر يەرلەرگە ماڭسا پىيىزنىڭ كارىۋاتلىق ئورۇندۇقىنى ئېلىشقىمۇ كۆزى قىيمايدىغان ئابدۇسەمەت پەرھاتنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن ئۆز قىيىنچىلىقلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، 2000 نەچچە يۈز يۈەنگە ئايروپىلان بېلىتى ئېلىپ ئۇنى شىنجاڭغا يولغا سېلىپ قويىدۇ. قىسقىسى، ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى تەسىرلىك تۇرمۇش دېتاللىرى ئارقىلىق ناھايىتى يارقىن يارىتىلغان. بۇنىڭدا ئاپتور ئارتۇقچە پەرداز،

دەبدەبىلىك سۆيەتلەشلەرگە ئەمەس، بەلكى ئاددىي تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىغىلا مۇراجىئەت قىلغان. ئەسەردە پېرسوناژلارنىڭ ئاددىي ئەمما يېقىملىق ئىبارىلەر بىلەن سۆزلەتلەنگەن روھىي قىياپىتى ۋە ئىدىيىۋى خىسلىتى ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆزىگە گويا مارجاندەك تاشلىنىپ تۇرىدۇ؛ تەپسىلىي بايانلارغا يۇغۇرۇۋېتىلگەن كۈچلۈك ھېسسىيات گويا ۋولقاندەك بالقىپ تۇرىدۇ. ئاران 26 يىللا ياشىيالىغان ئابدۇسەمەتنىڭ ناھايىتى ئاددىي، ئەمما ئىنتايىن ئۇلۇغ ئىنسان شۇنداقلا دەۋرىمىز ياشلىرىنىڭ تىپىك ئۈلگىسى ئىكەنلىكى ئوقۇرمەنلەرگە جانلىق ۋەقەلىكلەر ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

كىتابنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققان ھەرقانداق ئوقۇرمەن ئابدۇسەمەتنىڭ قۇربان بولغانلىقى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەرنىڭ ناھايىتى ئاددىي يېزىلغانلىقىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ. بۇ، مەزكۇر ئەسەردىكى مۇھىم ۋەقەلىك، شۇنداقلا ئابدۇسەمەتنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ھالقىلىق پەيت ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق، ئابدۇسەمەت قاتىل خالىق بىلەن قانداق ئېلىشقان؟ ئۇ خالىقنىڭ تۇرالغۇسىغا جىنايەتچىلەر شايكىسىدىكىلەرنىڭ تىزىملىكى ۋە تېلېفون نومۇرىنى ئالغىلى بارغاندا، بولۇپمۇ خالىق ئۇنىڭغا قول سالغاندا ئۇ كۆڭلىدە زادى نېمىلەرنى ئويلىدى؟... بۇلار ئەسەردە ئاددىيلا تەسۋىرلەپ ئۆتۈپ كېتىلگەن. بۇ دەل ئاپتورلارنىڭ ئاددىي بولۇپ قالسا قالسۇنكى، تەسەۋۋۇرنى ياكى "ئەقىلغە مۇۋاپىق تەسەۋۋۇر"نى ئەمەلىي دېتاللار ئاساسىدىكى ئوبيېكتىپ تەسۋىرنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ، دەيدىغان كۈچلۈك رېئالىزملىق پوزىتسىيە تۇتقانلىقىدىندۇر.

بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ قۇرۇلمىسى ئەپچىل بولۇپ، ئاپتورلار ئابدۇسەمەتنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىنى بىرمۇنچە كىشىنىڭ ئەسلىمىسى ۋە بايانلىرى ئاساسىدا يۇغۇرۇپ تەسۋىرلىگەن، لېكىن تاياقتەك تۈپتۈز بايان قىلىپ قويۇشتىن ساقلانغان. ۋەقەلىك ئابدۇسەمەتنىڭ ساقچىخانىدىكى ئەتىگەنلىك يوقلىمىغا كەلمىگەنلىكىدىن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ھە دېگەندىلا كىشىنى بىر خىل ئەندىشىلىك تۇيغۇغا باشلاپ كىرىدۇ. ئاندىن قەھرىماننىڭ ئىش - ئىزلىرى دېلونى پاش قىلىش جەريانى بىلەن گىرەلىشىپ كېتىدۇ، ئوقۇرمەنلەر ئابدۇسەمەتنىڭ ئىز - دېرىكىنى بىلىشكە تەقەززا بولىدۇ، ئارقىدىنلا دېلونىڭ ئۆزۈل - كېسىل پاش قىلىنىشى ۋە ھەققانىيەت سوتى توغرىسىدىكى بايانلار بېرىلىدۇ؛ ئاخىرقى بابتا ئابدۇسەمەتنىڭ جىنايەتچىلەرنىڭ

ئۇۋۇسىغا قانداق كىرگەنلىكى، قانداق قۇربان بولغانلىقىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ.
كىتاب ‹‹يىقىلماس توغراق›› ئۇستىدە ئاخىرلىشىدۇ؛ چۆل-باياۋاندىكى گېگانىت دەرەخ
— توغراققا ئوقۇلغان مەدھىيە ئارقىلىق پۈتكۈل ئەسەر شېئىرىي يۇكسەكلىككە
كۆتۈرۈلۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا كىشىنى چەكسىز ھەسرەت ۋە ئوي - خىياللار ئىلكىگە
تاشلايدۇ.

(مەزكۇر تەقرىز «خەلق گېزىتى»نىڭ 2005 - يىل 4 - ئاۋغۇست سانىغا بېسىلغان. ئاپتور جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى «ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»نىڭ سابىق باش مۇھەررىرى، پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، داڭلىق تەقرىزچى)

# مۇندەرىجە

## بېغىشلىما

ئالاھىدە رايون ساقچىلىرىنىڭ پەخرى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ نەمۇنىسى .......
........................................ تۆمۈر داۋامەت 1
جانلىق تەسۋىر، ئۆچمەس روھ .............................. جېلىك بەينۇك 4

## مۇقەددىمە

ئۇيغۇر ساقچى قېنى؟ ........................................ 1

## بىرىنچى باب

**نەدە سىز، ئابدۇسەمەت؟ ................................ 4**
1. ھەر كۈنى تېلېفونلىشىش ئابدۇسەمەت بىلەن مېھرىگۈلنىڭ ئادىتى ئىدى،
2-ئىيۇن كۈنىمۇ شۇنداق بولدى ............................ 4
2. قارا بېسىپ چۆچۈپ ئويغانغان مېھرىگۈل ئابدۇسەمەتكە تېلېفون قىلىپ ھېچ
ئالاقىلىشالمىدى ............................................ 13
3. ئابدۇسەمەتنىڭ دېرىكىنى قىلىپ يۈرگەن ساقچىلار ئىجارىكەشنىڭ ئۆيىدىن قان
يۇقىنى بايقاپ قالدى ...................................... 19
4. قۇملۇقتىكى توغراق 1000 يىل ياشايدىكەن، لېكىن نەۋقىران
ساقچى26 يېشىدىلا كېتىپ قالدى .......................... 26

## ئىككىنچى باب

**شۇم خەۋەر** ........................... 32
5. ئۇ مەكتەپكە كېچىكىپ باردى، چۈنكى ئۇ نامراتلىقنىڭ دەستىدىن ئوقۇيالمىغىلى تاس قالغانىدى ........................... 32
6. باشقىلارغا ئۆزلۈكىدىن ياردەم قىلىدىغان ئابدۇسەمەت ئوقۇش مۇكاپات پۇلىغا سۇسلۇق قىلدى ........................... 43
7. ئۆگىنىش قىيىنچىلىقى بىلەن مۇسىبەت قايغۇسى ئابدۇسەمەتنى باش ئەگدۈرەلمىدى ........................... 49
8. قېنى قىزىق ياشلار گاھىدا ئالدىراپ مۇشت ئېتىپمۇ قالىدۇ ........................... 59
9. ”بۈگۈن سىلەر ئانا مەكتىپىڭلاردىن پەخىرلەنسەڭلار ، ئەتە ئانا مەكتىپىڭلار سىلەردىن پەخىرلىنىدۇ“ ........................... 80

## ئۈچىنچى باب

**ئەنقا شەھىرىنىڭ كۆز يېشى** ........................... 86
10. كۆكلىگە ۋەھىمە چۈشكەن مېھرىگۈل شېنجېنغا ئۈچىنچى قېتىم كەلدى ... 86
11. ئىنىمنى كىم ئۆلتۈردى؟ ........................... 101
12. ئابدۇسەمەتنىڭ ئۆزىگە قەغەز ئۇرۇك سېلىپ قويغانلىقى مېھرىگۈلنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى ........................... 122
13. ئابدۇسەمەت ھەتتا كۆندىشىگىمۇ ياردەم قولىنى سۇنغانىدى ........................... 145
14. ”باشلىق، مېنىڭ بىر تەلىپىم بار ئىدى...“ ........................... 154
15. ئىلگىرى سائادەت نۇرلىرىغا بۆلەنگەن كىچىككىنە ياتاق بۈگۈن جۇدالىق ئەلەملىرىنى قانداقمۇ سىغدۇرالىغاندۇ؟ ........................... 165
16. ئايرىلىشقا قىيمىغان يۈرەكلەر پۇچۇلىنىپ كەتتى ........................... 172



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com